ئېكولوگىيىلىك يۇرت-ماكان بەرپا قىلىپ، خەلقنى بېيىتىش پىلانى بويىچە

# پەننى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر رەسىملىك كىتابچە

تۈزگۈچى ۋە سىزغۇچى: يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى پەن-تېخنىكا تەربىيە مەھكىمىسى
جۇڭگو يېزا ئىگىلىك نەشرىياتى



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

ئېكولوگىيىلىك يۇرت-ماكان بەرپا قىلىپ، خەلقنى بېيىتىش پىلانى بويىچە

# پەننى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر رەسىملىك كىتابچە

تۈزگۈچى ۋە سىزغۇچى : يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى پەن-تېخنىكا تەربىيە مەھكىمىسى
جۇڭگو يېزا ئىگىلىك نەشرىياتى

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

**图书在版编目（CIP）数据**

生态家园富民计划/中国太平洋经济合作全国委员会粮农资源开发委员会编；艾·帕萨尔译。
——北京：民族出版社，2005.9
ISBN 7-105-07238-5

I.生…II.①中…②艾…III.农业技术—普及读物—维吾尔语（中国少数民族语言）
IV.S-49
中国版本图书馆CIP数据核字（2005）第106629号

出版发行：民族出版社　　http://www.e56.com.cn
社　　址：北京市和平里北街14号　　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京迪鑫印刷厂
版　　次：2005年9月第1版　2005年9月北京第1次印刷
开　　本：787毫米×1092毫米　1/24
印　　张：5
印　　数：0001-3000册
定　　价：6.00元

本书根据中国农业出版社 2002 年 10第 1 版北京第 3 次印刷版本翻译出版。
بۇ كىتاب جۇڭگو يېزا ئىگىلىك نەشرىياتى 2002 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى بېيجىڭ 3 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

مەسئۇل مۇھەررىر
: رىزۋانگۈل مامۇت
مەسئۇل كوررېكتور

# ئېكولوگىيىلىك يۇرت ــ ماكان بەرپا قىلىپ، خەلقنى بېيىتىش پىلانى بويىچە پەننى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر رەسىملىك كىتابچە

تەرجىمە قىلغۇچى : ئەخمەت پاسار

| | | |
|---|---|---|
| نەشر قىلغۇچى | : | مىللەتلەر نەشرىياتى |
| ئادرېسى | : | بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ<br>پوچتا نومۇرى : 100013، تېلېفون نومۇرى : 64290862 ـ 010 |
| ساتقۇچى | : | جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى |
| باسقۇچى | : | دىشىن باسما زاۋۇتى |
| نەشرى | : | 2005 ـ يىل 9 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى |
| بېسىلىشى | : | 2005 ـ يىل 9 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى |
| ئۆلچىمى | : | 787×1092م م. 24 كەسلەم |
| باسما تاۋىقى | : | 5 |
| سانى | : | 0001 ـ 3000 |
| باھاسى | : | 6.00 يۈەن |

باش تۇزگۇچى: بەي جىنمىڭ

مۇئاۋىن باش تۇزگۇچى: جىن چيۇشىڭ

تۇزگۇچى ۋە سىزغۇچى : ۋاڭ جيۇچىن جاۋ شيەنرۇڭ

خۇ جىنگاڭ ليۇ نىڭ جاڭ خوڭگۇاڭ خۇ جوڭچى

گۇ شۇخۇا لى جىڭمىڭ چيەن سۇنيۇەن

دەي ۋېيئەن شى چاۋئەن جاڭ ۋېيشىن

试读结束，需要全本PDF请购买 www.ertongbook.com

# كىرىش سۆز

دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى مۇھاپىزەت قىلىش ، يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي جەھەتتىكى ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ، 2000 -يىلى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى ئېكولوگىيىلىك يۇرت-ماكان بەرپا قىلىپ ، خەلقنى بېيىتىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى . بۇ پىلان قايتا ئىشلەشكە بولىدىغان ئېنېرگىيە تېخنىكىسىنى تۈرلۈك ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ، جايلاردىكى دېھقانلارنىڭ قۇياش ئېنېرگىيىسىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ، پاتقاق گازىنى ( مېتاننى) ۋاستە قىلىپ ، دېھقانلارنىڭ ھويلا-ئاراملىرىدىكى يەر بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىپ ، چارۋا مال قوتىنى ، ئۇچار قانات ئۇۋىسى ، ھاجەتخانا ، مېۋىلىك باغلارنى ئىلمىي يول بىلەن جىپسىلاشتۇرۇپ ، تەرەققىياتنى سىلجىتىپ ، ئېچىش-گۈللەندۈرۈشنى كۆپمە تەرىقىدە ئېلىپ بېرىپ ، ئۆي-ماكاننى ئىسسىق-پاكىزلاشتۇرۇش ، ھويلا-ئارام ئىگىلىكىنى يۇقىرى ئۈنۈمدارلاشتۇرۇش ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى زىيانسىزلاشتۇرۇش نىشانىنى پەيدىنپەي ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىدۇ .

”قۇم يىغىلسا تاغ بولار ، پۇرۇچنى يىغساڭ تون بولار“ دېگەندەك ، ھەر بىر ئائىلىنىڭ 100 نەچچە كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ھويلا-ئارام يېرى يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن راۋاجلاندۇرۇلسا ، مەملىكەت بويىچە نەچچە يۈز مىڭ گېكتار كېلىدىغان يەرلەرنى چوڭقۇر ئېچىپ گۈللەندۈرۈش ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان بولىدۇ . بۇنىڭ ئۆزى قايتا ئىشلىنىدىغان ئېنېرگىيە تېخنىكىسىنى تارقىتىش قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈش ئېغىزى قىلىنىدىغان ، بىئولوگىيىلىك بايلىقتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىدىغان مۇھىم قۇرۇلۇش ؛ بۇ يېزا ئىگىلىك تارماقلىرىنىڭ يېزىلاردا ”ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش“نى ئەمەلدە كۆرسىتىپ ، دېھقانلار ئۈچۈن سەمىمىي خىزمەت قىلىشى ، ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشىنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسى ؛ بۇ مۇھىتنى ماسلاشتۇرۇش داۋامىدا يۇقىرى ئۈنۈملۈك ، ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ ، جۇڭخۇا ئېلىنىڭ

گۈزەل تاغ-دەريالىرىنى مۇھاپىزەت قىلىشتىكى ئىلمىي يول.

بۇ پىلاننى كەڭ دائىرىدە تەشۋىق قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى دېھقانلارنى ئۇنىڭغا ئاڭلىق قاتنىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ پەن-تېخنىكا تەربىيە مەھكىمىسى بىلەن جۇڭگو يېزا ئىگىلىك نەشرىياتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى ئارقىسىدا، مۇتەخەسسىسلەر ئون نەچچە ئۆلكە، ئاپتونوم رايونغا بېرىپ كۆزىتىش يولى بىلەن تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، جايلاردا ئېكولوگىيىلىك يۇرت-ماكانىنى راۋاجلاندۇرغان ئىلغار تىپلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ، جەۋھىرىنى تاللاپ، بەدىئىي ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى كۆڭۈلگە ياقىدىغان ھېكايە شەكلى ۋە جانلىق رەسىملەر ئارقىلىق ئىپادىلىدى.

دېھقانلار ئاممىسىنى كۆرۈپ—چۈشىنىپ، كۆپرەك نەپ ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، تۈزگۈچى خادىملار كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئورىگىنالنى ئون نەچچە قېتىم ئۆزگەرتىپ تىلىنى ئاممىباپ-چۈشىنىشلىك قىلىشقا، مەزمۇنىنى خاتاسىز توغرا قىلىشقا تىرىشتى.

بۇ كىتابچە يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى پەن-تېخنىكا تەربىيە مەھكىمىسى ۋە يېزا ئىگىلىك نەشرىياتىدىكى رەھبەرلەرنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشتى، بۇنىڭغا چوڭقۇر تەشەككۈر بىلدۈرىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بىزنى نۇرغۇنلىغان تېخنىكا جەھەتتىن قوللىغان، يېزىلاردىكى ئېنېرگىيە بىرىنچى سېپىدە ئىشلەۋاتقان كادىرلارغا، ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە سەمىمىي رەھمەت ئېيتىمىز.


ئېلىمىز يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچىغا قەدەم قويۇشىغا ئەگىشىپ، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىدا نۇرغۇن زور ئۆزگىرىش يۈز بەرگۈسى، بۇ رەسىملىك كىتابچىنىڭ كەڭ دېھقان دوستلارغا ئىلھام بېرىپ، يېزىلاردىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئىلمىي يول بىلەن بېيىشتىكى ئالتۇن ئاچقۇچىغا ئايلىنىشىنى تىلەيمىز.


تەھرىر ھەيئىتى

2002-يىل 28-سىنتەبىر


# مۇندەرىجە


بىرىنچى ، قىممەتلىك خەزىنە—”قوي (كالا) ، پاتقاق گازى ، مېۋە“ .................. 5
ئىككىنچى ، ئالتۇن دان—”تۆتىنىڭ بىرلىكى“ .................................... 29
ئۈچىنچى ، ئېنېرگىيە تېجىگۈچى ئاۋانگارت—كاڭغا تۇتاش ئوچاق ، ئوتۇن تېجەيدىغان
ئوچاق ................................................................ 41
تۆتىنچى ، ھەممە ئائىلىنى يورۇتۇش—مىكرو سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى ، كىچىك
شامالدۇرغۇچ ، قۇياش ئۆيى ............................................. 61
بەشىنچى ، ئۈمىد يولى—باش كۆتۈرگەن كەنت .................................. 87




دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن، 2000-يىلى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى ئېكولوگىيىلىك يۇرت-ماكان بەرپا قىلىپ، خەلقنى بېيىتىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. دېھقانلارنىڭ ھويلا-ئارام ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ھويلا، ئاشخانا، ھاجەتخانا، قوي (كالا) قوتىنى، پارنىك، پاتقاق گازى كۆلچىكى، كۆكتاتلىق، مېۋىلىك دەرەخ، چارۋا مال، قۇش باقمىچىلىقى قاتارلىقلارنى ئۇنىۋېرسال ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆي-ماكانىنى ئىسسىق-پاكىزلاشتۇرۇش، ھويلا-ئارام ئىگىلىكىنى يۇقىرى ئۈنۈمدارلاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى زىيانسىزلاشتۇرۇش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلدى.



ئېكولوگىيىلىك يۇرت-ماكان بەرپا قىلىپ ، خەلقنى بېيىتىش پىلانى بويىچە پاتقاق گازى
ۋاستە قىلىنىپ ، ئادەم ۋە چارۋا ماللارنىڭ گەندە-قىغ ۋە سۈيدۈكلىرى ئورگانىك ئوغۇتقا
ۋە يېقىلغۇغا ئايلاندۇرۇلۇپ ، يېزىلاردىكى ئاشخانىلاردا ھەممە يەرنى ئوتۇن قاپلاپ ياتىدىغان ،
ئوت لاۋۇلداپ ئىس-تۈتەك كۆتۈرۈلىدىغان ھالەت ئۆزگەرتىلدى ، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش ساپا-
سى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى ، ئۆي-ماكاننى ئىسسىق-پاكىزلاشتۇرۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى .





ئېكولوگىيىلىك يۇرت-ماكان بەرپا قىلىپ، خەلقنى بېيىتىش پىلانى دېھقانلارنىڭ ئىل-
مىي ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ، ھويلا-ئارامىلاردا قوي (كالا)، ئۆي قۇشلىرىنى بېقىش، كۆكتات
تېرىش، مېۋە ئۆستۈرۈش، گۈل تېرىش ئىشلىرىنى بىرلەشتۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

دېھقانلار ئۇلارنى ئەتىگەن-ئاخشىمى باشقۇرسا، چوڭلار ۋە كىچىكلەر ئەمگەككە قاتناشسا
بولىدۇ، تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ھوسۇل ئالالايدۇ. بىرمۇنچە دېھقانلار ھويلا-ئارام ئىگى-
لىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئون مىڭ يۈەنچى بولۇپ، ھويلا-ئارام ئىگىلىكىنى
يۇقىرى ئۈنۈمدارلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇردى.



试读结束，需要全本PDF请购买 www.ertongbook.com



ئېكولوگىيىلىك يۇرت-ماكان بەرپا قىلىپ ، خەلقنى بېيىتىش پىلانى يېزىلارنىڭ قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى . خىمىيىۋى ئوغۇت بىلەن دېھقانچىلىق دورىلىرى ئاز ئىشلىتىلىپ ، پاتقاق گازى ئوغۇتى ئىشلىتىلگەچكە ، زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپ چىقىرىلىپ ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى زىيانسىزلاشتۇرۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى . ”ئۈچلاشتۇرۇش“[1] ئارقىسىدا دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىدا غايەت زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى . ”مەملىكەتلىك ئېكولوگىيىلىك يۇرت-ماكان بەرپا قىلىپ ، خەلقنى بېيىتىش پىلانى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى“دا ، تەرەپ-تەرەپتىن كەلگەن ۋەكىللەر جايلاردا بارلىققا كەلگەن يېڭى ئەھۋالنى بەس-بەستە سۆزلىدى .

## بىرىنچى، قىممەتلىك خەزىنە— «قوي (كالا)، پاتقاق گازى، مېۋە»





جەنۇبتىن كەلگەن بىر ۋەكىلنىڭ كۆپچىلىككە ئېيتىپ بېرىشىچە ، خاۋجاۋ كەنتى چاڭجىياڭ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا-يۇقىرى ئېقىمىغا جايلاشقان بىر كەنت ئىكەن ، ئۆتمۇشتە هامان قان شورىغۇچى قۇرت كېسىلى بولۇپ تۇرىدىكەن . گېن شېڭنىڭ دادىسى شۇ كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن ئىكەن . تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا ، گېن شېڭنىڭ ئوقۇش نەتىجىسى ناهايىتى ياخشى بولسىمۇ ، لېكىن ئائىلىسىدە ئەمگەك كۈچى بولمىغاچقا ، ئۇ ئوقۇشتىن قېلىپ ، ئۆيدە دېهقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ ، كېيىن ئارمىيىگە قوبۇل قىلىنىپ ، جەڭچى بوپتۇ .



گېن شېڭ ھەربىي سەپتىن چېكىنگەندىن كېيىن ، سەپدىشىغا ئەگىشىپ بىر مەزگىل ئۆي-زېمىن كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ 500 مىڭ يۈەن پۇل يىغىپتۇ . شەھەر ئەتراپىدىكى دېھقانلارنىڭ پاتقاق گازىغا تايىنىپ بېيىغانلىقىنى كۆرۈپ ، كۆڭلىدە يۇرتىنىڭ غېمىنى يېگەن گېن شېڭ سەپدىشى بىلەن خوشلىشىپ ، خاۋجاۋ كەنتىگە قايتىپ بېرىپتۇ .



گېن شىڭ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە بېرىپ ھاكىمنى تېپىپ ، يېنىدىكى 500 مىڭ يۈەن پۇلنى ئۆز يۇرتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا سەرپ قىلىپ ، يۇرتىدىكى قېرىنداشلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئائىلىسىگە پاتقاق گازى كۆلچىكى ياساپ بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ . ھاكىم ناھىيە دەل پاتقاق گازىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، پۈتۈن ناھىيىدىكى دېھقانلارنى بېيىتماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ ، گېن شىڭنى كەنتىگە قايتىپ بېرىپ سىناق قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپتۇ .



ئىلگىرى ، خاۋجاۋ كەنتىدە ”مەملىكەت بويىچە پاتقاق گازى كۆلچىكىنى كۆپلەپ ياساش
ھەرىكىتى“ يولغا قويۇلغان كۈنلەردە يەتتە-سەككىز كۆلچەك ياسالغان ئىكەن ، بىراق ھەممى-
سىنى دېگۈدەك ئوت ئالدۇرالماي ، ئۇلار ”گازغا تەشنا كۆلچەكلەر“گە ئايلىنىپ قالغان
ئىكەن . بەزى ياشانغان كىشىلەر ئەمدى يەنە پاتقاق گازى كۆلچىكى ياسالماقچى بولغانلىقىنى
ئاڭلاپ ، ئۆز ئۆيىدە كۆلچەك ياساشقا زادى يول قويماي تۇرۇۋاپتۇ .



试读结束，需要全本PDF请购买 www.ertongbook.com